# شەھەر - يېزىلار يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلدى ئەمىن ئۆي ئارزۇسى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مېھمانخانىنىڭ دېرىزە تەكچىسىگە بىرنەچچە تەشتەك گۈل تىزىلغان بولۇپ، باھار ئاپتىپى ئۆينى ئىللىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. دېرىزە سىرتىدا تۇرالغۇ رايونى، تېرىقچىلىق رايونى ۋە باقمىچىلىق رايونى ئايرىنغلىق ئىدى، ھويلىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر بىخ سۈرگەنىدى. كەنتتە ئەمىن ئۆي سېلىنغاندىن بۇيان، كەنت يېڭى كەيپىياتقا تولدى، تەبىئىي گاز ۋە تۇرۇبا سۈيى تۇتاشتۇرۇلۇپلا قالماي، ئاپتوموبىللارمۇ ئىشىك ئالدىغىچە بارالايدىغان بولدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا پۈتكەن يېزا ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىخەتەر، ئىشلىتىش ئىقتىدارى تولۇق، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا قولايلىق بولۇپ، يېزىلارنىڭ «مەينەت، قالايمىقان، ناچار» كونا قىياپىتى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىلىپ، «يېڭى ئۆيلەرنى سېلىپ، يېڭى كەنتلەرنى بەرپا قىلىش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## كونا ئولتۇراق رايونلاردا يېڭى تۇرمۇش كۈتۈۋېلىندى

ھاۋا ياخشى ۋاقىتلاردا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يېڭىبازار ئاھالىلەر كومىتېتى شياڭخېلى ئولتۇراق رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە ما سىگۇڭ قوشنىلىرى بىلەن ئولتۇراق رايوندا ئاپتاپقا قاقلىنىپ پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. «مەن بۇ يەردە 20 نەچچە يىل تۇردۇم، ئىلگىرى نەدىمۇ بۇنداق ياخشى مۇھىت بولسۇن!» دېدى ما سىگۇڭ.

شياڭخېلى ئولتۇراق رايونى ئون تارقاق كونا ئولتۇراق رايون بىرىكتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلغان ئولتۇراق رايون بولۇپ، ئىلگىرى بۇ جاينىڭ ئەسلىھەلىرى كونا، ئىقتىدارى تولۇق ئەمەس، مۇھىتى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار ئىدى. بۇلتۇر 5 - ئايدا، شياڭخېلى ئولتۇراق رايوندا ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، چوڭ جەھەتتىن تاملار چېقىلىپ ھويلىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، لىفت ئورنىتىلىپ، يامغۇر سۈيى، پاسكىنا سۇ تۇرۇبا يوللىرى ئايرىپ ئۆزگەرتىلدى، كىچىك جەھەتتىن بىنالارنىڭ كارىدور تاملىرى ئاقارتىلىپ، ئەخلەتلەر تۈرگە ئايرىلىپ، كۆكەرتىلىپ يورۇقلاشتۇرۇلدى، بۇ «يېشى چوڭ» ئولتۇراق رايون ئاخىر يېڭى قىياپەتكە كىردى.

سىرتقا ئورنىتىلغان لىفت ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن كۈنى، ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالە كاك شياۋيۈن لىفتتىن چۈشۈپ، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ھەرىكىتى قولايسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 6 - قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان بولغاچقا، سىرتقا چىقىشى ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. «بىز ياشانغانلارنىڭ ئايىغىمىز چاققان ئەمەس، بىنادىن چىقىپ - چۈشۈشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلاتتۇق.» كاك شياۋيۈن مۇنداق دېدى: «لىفت بولسا باشقىچە بولىدىكەن، كۆچمەيلا 6 - قەۋەتكە چىقالايمىز».

لىفت ئورنىتىش، تۇرۇبا تورىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلاردىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، مۇۋاپىق پىلانلاش ئارقىلىق ئىستىراھەت مەيدانى، چېنىقىش سورۇنى، مەدەنىيەت كارىدورى قاتارلىق ئاممىۋى بوشلۇقلارغا جاي ئاجرىتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېز يەتكۈزۈش ئىشكاپى، توك زەرەتلەش تۈۋرۈكى قاتارلىقلارنى ئورنىتىپ، ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: 2019 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر - بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى باشلاپ، «ئاھالىلەر ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق بولغاننى ئۆزگەرتىش»تەك «زاكازلىق» ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتتى، ھەرقايسى جايلار ئۆزگەرتىدىغان نۇقتىلىق مەزمۇنلارنى ئاھالىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىجرا قىلىپ، ئاھالىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ جىددىي ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئاساسلىق ئۆزگەرتىش مەزمۇنى قىلدى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز «شەھەر - بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ يولغا قويۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان كونا ئولتۇراق رايونلارنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتتى. شەھەر - بازارلاردىكى 1714 كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىشتە ئىش باشلاش پىلانلاندى، بۇ، 231 مىڭ 500 ئائىلىگە چېتىلىدۇ.

## تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى كاپالەتلەندۈرۈلدى

«ھازىر، ئۆي ئىچى ناھايىتى ئىسسىق، ئەمدى بوران چىقىپ يامغۇر يېغىشتىن ئەنسىرەيمەيدىغان بولدۇق.» جىڭ ناھىيەسىنىڭ تولى بازىرىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان 76 ياشلىق ئاھالە مو. باسا ئەسلەپ: ئىلگىرى ئولتۇرىدىغان كېسەك ئۆيدىن شامال ئۆتۈشۈپ، يامغۇر ئۆتۈپ كېتەتتى، قىشتا بەك مۇزلاپ كېتەتتۇق، دېدى. ئۇنىڭ ئۆيى خەتەرلىك ئۆي دەپ باھالاپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا بىر قىسىم مەبلەغ ياردىمى بېرىپ، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق يېڭى ئۆي سېلىپ بەردى.

مو. باسانىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق نامرات ئاممىغا نەپ يەتكۈزگەنلىكىنىڭ بىر ئىخچام كارتىنىسى. خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ئوبيېكتلىرىنى بېكىتىش، خەتەرلىك ئۆيلەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىشتىن خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش، بىخەتەرلىك سۈپىتىنى نازارەت قىلىشقىچە، يەنە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ياردەم پۇل مەبلىغىنى نەقلەشتۈرۈشكىچە، ئاپتونوم رايونىمىز خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ھەر تەرەپلىمە ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. «بىر ئائىلىدە يولغا قويۇپ، بىر ئائىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، بىر ئائىلىنى تاماملاپ، بىر ئائىلىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، بىر ئائىلىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ، بىر ئائىلىگە مەبلەغ ئاجرىتىش» ئارقىلىق ھالقىلارنى زىچ تۇتاشتۇرۇش، قەدەممۇقەدەم نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش بويىچە چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا نوپۇسىدىكى تۇرالغۇلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ چىقىلغان تۇرالغۇلار ئىچىدىكى C دەرىجىلىك ياكى D دەرىجىلىك دەپ بېكىتىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى 2020 - يىللىق پىلاندىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىگە كىرگۈزدى. بۇلتۇر 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، بۇ تۇرالغۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق دېھقان ئائىلىلىرىنى تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى كاپالىتىگە ئىگە قىلىش بويىچە تولۇق قاپلاش ۋەزىپە - نىشانى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنت بەش دەرىجىلىك قۇرۇلۇش سۈپىتى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشنى يېزىلارغا نۇقتىلىق ئۇزارتتى. ھەرقايسى جايلار «تولۇق قاپلاش، يوچۇق قويماسلىق» تەلىپى بويىچە، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن جەريان بويىچە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلى، بىناكارلىق دېتاللىرىنى ياساش ئۆتكىلى، نەق مەيداندا قۇرۇلۇش قىلىش ئۆتكىلى، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. مالايسىيا «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بولغان لىنىيە بويىدىكى دۆلەت، جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن مالايسىيانىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، كىيىم - كېچەك، يېمەكلىك، تېببىي دورا، ئېنېرگىيە، مەدەنىيەت، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش بوشلۇقى بار، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىككى جاي خەلقلىرىگە ھەقىقىي بەخت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز مالايسىيا خەلقىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشىنى نەق مەيداندا ھېس قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

مالايسىيا دۆلەت ئىتتىپاقلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جېڭ لىيەنكې جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: مالايسىيا بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ ئورتاق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ توغرا يولىدا ماڭدى، ئۇ بولسىمۇ دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى جاينىڭ تەرەققىياتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگونىڭ مالايسىيادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئوۋياڭ يۈجىڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ياخشى جاي، تاغ - دەريالىرى ھەيۋەتلىك، مەدەنىيىتى پارلاق، ئۆرپ - ئادىتى ئاددىي - ساددا. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى تەرەپلەردە جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا تىنچ، خاتىرجەم، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئىنتايىن ياخشى مەنزىرە نامايان بولدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت مالايسىيادىكى ھەر ساھەدىكى دوستلارنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر، ھەقىقىي چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن مالايسىيانىڭ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالىدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلار «شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق تەشۋىقات فىلىمىنى بىرلىكتە كۆردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شۆجۈن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر، دىنىي زاتلار، ئامما ۋەكىللىرى مالايسىيالىق ئەزىز مېھمانلارنىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلىشىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىن سورىغان 11 سوئالىغا جاۋاب بەردى.

---

(بېشى 2 - بەتتە)

«بۇ كۆرسەتكۈچلەردە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى تەلىپى نامايان قىلىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى بىلەن تولۇق ئۇدۇللاشتۇرۇلدى.» دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نىشان قىممىتىنى بېكىتىش ۋە ئۆلچەپ ھېسابلاشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىلمىي، مۇۋاپىق بولۇش، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەش، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئېنىقسىزلىققا تاقابىل تۇرۇشقا بوشلۇق قالدۇرۇلدى. «بۇ كۆرسەتكۈچلەر خۇددى جاسارەت بىلەن بىر سەكرەپ يەتكىلى بولىدىغان ئېگىزلىككە ئوخشايدۇ، لېكىن جەزمەن جاسارەت بىلەن بىر سەكرەش كېرەك».

دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يىرىك پىلان پروگراممىسىدا تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش تەلىپى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تۈنجى قېتىم بىخەتەر تەرەققىيات مەخسۇس سەھىپىسى ۋە بىخەتەرلىك كاپالىتى تۈرىدىكى كۆرسەتكۈچ تەسىس قىلىنىپ، دۆلەت بىخەتەرلىك سىستېمىسى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بايلىقى ۋە پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارغا قارىتا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان تۇر تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدى چۆرىدىلىپ، يىرىك پىلان پروگراممىسىدا جەمئىي 20 مەخسۇس سەھىپە تەسىس قىلىنىپ، 102 تۈرلۈك مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىرىك پىلان پروگراممىسىدا خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسى نامايان قىلىندى ——

بەش يىللىق يىرىك پىلان ھەم «دۆلەت ئىشى»، ھەم «ئائىلە ئىشى».

يىرىك پىلان پروگراممىسىدا بېكىتىلگەن 20 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچتە، يەتتىسى خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتى تۈرى بولۇپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ، ھەر قېتىملىق بەش يىللىق يىرىك پىلان ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرىم، مائارىپ، داۋالاش، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، ھاۋالىلىك بېقىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەلىرىنى قاپلىدى.

پروگراممىنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئوقۇپ چىقساق، مەيلى كۆرسەتكۈچ بېكىتىش ياكى شەھەر - يېزا تەرەققىياتى بولسۇن، مەيلى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ياكى مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى بولسۇن، كوچا رايونى تۈزۈمى، ئاستا يۈرۈش تورىدىن يېزا - كەنت قىياپىتىنى قوغداش، باللار دوستلۇق شەھەرچىسى قۇرۇشقىچە... پروگراممىدا خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تۈپ مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى ياخشىلاش كۆزلەنگەن. ۋەكىللەر، ئەزالار بەس - بەستە مۇنداق باھا بەردى: بۇ، خەلقنى مەركەز قىلىش، خەلق تۇرمۇشى پۇرىقى ناھايىتى قويۇق بولۇش تولۇق نامايان قىلىنغان بەش يىللىق يىرىك پىلان بولدى.

يىرىك پىلان پروگراممىسىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى ——

كەلگۈسى بەش يىل، ھەتتا 15 يىللىق تەرەققىياتنى كۆزلەيدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك يىرىك پىلاننى قانداق قىلغاندا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يولغا قويۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟

يىرىك پىلان پروگراممىسىدا «يىرىك پىلاننى يولغا قويۇش كاپالىتىنى كۈچەيتىش» ئاخىرقى سۆز قىلىندى ھەم مۇستەقىل بىر سەھىپە قىلىپ تەسىس قىلىندى.

يىرىك پىلان پروگراممىسىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يىرىك پىلان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى بىلەن دۆلەتنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە، تەلەپلىرى ۋە ئۈنۈملۈك تەجرىبە، ئۇسۇللىرى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، تەرەققىيات يىرىك پىلانى قانۇنىنى چىقىرىش تېزلىتىلىپ، يىرىك پىلاننى تۈزۈپ يولغا قويۇشنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ.

يىرىك پىلان سىستېمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكىچە، تۈزۈمنى بەرپا قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن قانۇنچىللىق كاپالىتىنى كۈچەيتىشكىچە... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىز دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يىرىك پىلان تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەم ئۇنى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ چىقىلدى، جەڭ بۇرغىسى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىپ، يېڭى قەدەم تاشلاندى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلساق، ئۇلۇغۋار پىلان جەزمەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە ئايلىنىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ شياگرۇن يېڭى ماتېرىيال پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما يەنبىڭ مۇنداق دېدى: تىتان ھەم تىتان قېتىشمىسى ماتېرىياللىرى ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكى يۇقىرى بولۇش، ئېلاستىكىلىقى يۇقىرى بولۇش، چىرىتىشكە چىداملىقى ياخشى بولۇش، ئىسسىققا چىداملىقى يۇقىرى بولۇش، زىچلىقى تۆۋەن بولۇش، بىيولوگىيەلىك بىرىكىشچانلىقى ياخشى بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاۋىياتسىيە، ئالەم قاتنىشى، خىمىيە سانائىتى، داۋالاش قاتارلىق كەسىپ ساھەلىرىدىكى قوللىنىلىش تەرەققىياتى تېز بولدى. شىركەت قومۇلنىڭ يەرلىك بايلىقىغا تايىنىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى بويىچە چوڭ تىپتىكى تىتان ھەم تىتان قېتىشمىسى كارخانىسى قۇرۇشقا كۈچ چىقاردى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، يادرولۇق تېخنىكىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، زاكاز تالونى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن زور ھەجىمدە ئاشتى. بۇ يىل كارخانا يىلىغا 30 مىڭ توننا يۇقىرى ئىقتىدارلىق تىتان ھەم تىتان قېتىشمىسى يېڭى ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

يېقىندا، جۇڭگو نېفىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شىركىتى دىمېتىل بېنزول قۇرۇلمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرمەكتە. بۇ شىركەت شىنجاڭ لەنشەن تۈنخې خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تيەنيې (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىكتە تور قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاروماتىك ھىدروكاربوناتلار كەسىپ زەنجىرىنى ئېچىپ، ئاروماتىك ھىدروكاربوناتلار بايلىقىنى ئۆز جايىدا ئايلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

بۇ يىل ئۈرۈمچى ئاروماتىك ھىدروكاربوناتلار تۈرى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك نېلون ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى مەنبە قىلىپ، شىنجاڭ كەيۋو يېڭى ماتېرىيال PET (پولىئېستېر) يېڭى ماتېرىيالنى تايىنىش نۇقتىسى قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىنى تۆۋەن ئېقىنغا ئۇزارتىپ، «بىر تامچە ماي»دىن «بىر تال يىپەك»كىچە بولغان پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلىدۇ. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەرقىي جۇڭغار كەسىپلەر باغچىسى ۋەكىللىكىدىكى 100 مىليارد يۈەن دەرىجىلىك تۆت كەسىپلەر توپى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ئىسمائىل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز دىققەتنى كەسپتىكى ئاجىز ھالقىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈركۈمگە، باسقۇچقا بۆلۈپ بىر قانچە كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش چارىسىنى قوللىنىپ، ئىستراتېگىيەلىك لايىھەلەش ۋە دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈشنى زەنجىرگە بۆلۈپ ياخشى ئىشلەپ، زەنجىرنى مۇقىملاشتۇرۇش، زەنجىرنى تولۇقلاش، زەنجىرنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەسىپ ئاساسىنى قايتا يارىتىش ۋە كەسىپ زەنجىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، ئاچقۇچلۇق ئاساسىي ماتېرىيال، يادرولۇق ئاساسىي ئۇششاق دېتال، ئىلغار ئاساسىي ھۈنەر - سەنئەت ۋە كەسىپ تېخنىكا ئاساسىنى پۇختىلاشنى چۆرىدەپ، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكترون، بىيولوگىيە، جابدۇق ياسىمىچىلىقى قاتارلىق ئۇل ساھەلەردە نۇقتىلىق مەھسۇلات، ھۈنەر - سەنئەتنى «بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش - ئەمەلىي قوللىنىش ۋە «بىر قاتار» ھەرىكەت تۈرى قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى تۇتىدۇ.